# بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە خۇتبىسى ئوقۇۋاتقاندا قازىخانا تەرەپتىكى ئىشىكتىن مەسچىتكە كىردى

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە خۇتبىسى ئوقۇۋاتقاندا قازىخانا تەرەپتىكى ئىشىكتىن مەسچىتكە كىرىپ، ئۆرە تۇرغان پېتى رەسۇلۇللاھقا قاراپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! چارۋىلار ئۆلۈپ كەتكىلى تۇردى، يوللار ئۈزۈلدى، دۇئا قىلىپ، ئاللاھ تائالادىن بىزگە سۇ تەلەپ قىلسىلا] دېدى. رەسۇلۇللاھ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ: ئى ئاللاھ! بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن!، ئى ئاللاھ ! بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن!، ئى ئاللاھ! بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن!، دېدى. ئەنەس دەيدۇ: ئۇ چاغدا، ئاسماندا بۇلۇتنىڭ ئەسرىمۇ يوق ئىدى. «سەلئى» تېغى بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئۆيمۇ يوق ئىدى، «سەلئى» تېغىنىڭ ئارقىسىدىن قالقانغا ئوخشاش بۇلۇت چىقىپ كەلدى، ئاسماننىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە ئەتراپقا تاراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى، ئەنەس: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز تولۇق بىر ھەپتە كۈننى كۆرمىدۇق» دېدى. كېيىنكى جۈمە كۈنى بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەردە خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا: «ئى رەسۇلۇللاھ! چارۋىلار ئۆلۈپ كەتكىلى تۇردى، يوللار ئۈزۈلۈپ قالدى، ئاللاھقا دۇئا قىلغان بولساڭ، يامغۇرنى توختاتسا» دېدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ: «ئى ئاللاھ! يامغۇرنى بىزنىڭ ئەتراپىمىزغا ياغدۇرغىن، ئۈستىمىزگە ياغدۇرمىغىن، ئى ئاللاھ! تاغ-تۆپىلىكلەرگە، جىلغىلارغا ۋە ئورمانلارغا ياغدۇرغىن» دەپ دۇئا قىلدى. ھاۋا ئېچىلىپ، بىز كۈن نۇرى ئاستىدا يۈردۇق. شۇرەيك: مەن ئەنەستىن: دەسلەپتە كىرگەن كىشى شۇمۇ؟ دېسەم، ئۇ: بىلمەيمەن، دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە خۇتبىسى ئوقۇۋاتقاندا بىر كىشى مەسچىتكە كىردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قاراپ، ئۇنى چاقىرىپ، يامغۇر ياغماي، زېمىن قۇرۇپ كەتكەنلىكنى، ئوت-چۆپلەرنىڭ يوقلۇقىدىن چارۋىلار ئۆلۈپ، يوللار ئۈزۈلۈپ، سەپەر قىلىدىغان، يۈك ئارتىدىغان تۆگىلەرنىڭ ئورۇقلاپ كەتكەنلىكنى بايان قىلىپ، رەسۇلۇللاھدىن بۇ قىيىنچىلىقنىڭ كۆتۈرۈلىشىگە دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلدى، رەسۇلۇللاھ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ: ئى ئاللاھ! بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن! دەپ ئۈچ قېتىم تەكرار دېدى، ئادەتتە رەسۇلۇللاھ دۇئا قىلغاندا ۋە مۇھىم بىر ئىشنى تەكىتلىگەندە ئۈچ قېتىم تەكرارلايتتى. ئۇلار ئۇ چاغدا ئاسماندا بۇلۇتنىڭ ياكى چاڭ-تۇزاڭنىڭ ئەسرىنىمۇ كۆرمىگەن ئىدى، بىراق رەسۇلۇللاھنىڭ دۇئاسىنىڭ تەسرىدە سەلئى تېغىنىڭ ئارقىدىن كىچىك بىر بۇلۇت پەيدا بولۇپ ئېگىزگە كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى، ئاسماننىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە كېڭىيىپ، ئەتراپقا تاراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى، يامغۇر يەتتە كۈن داۋاملاشتى. كېيىنكى جۈمە كۈنى بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا كىرىپ كەلدى ۋە يامغۇرنىڭ ئىزچىل يېغىشى بىلەن چارۋىلار يايلاققا چىقالمىغانلىقتىن ئاچ قالغانلىقىنى، كىشىلەرمۇ تىرىكچىلىك يولىدا سەپەر قىلالماي سولۇنۇپ قالغانلىقىنى بايان قىلدى ۋە ئاللاھقا دۇئا قىلىپ يامغۇرنى توختۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ: «ئى ئاللاھ! كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا قىيىنچىلىق بولماسلىقى ئۈچۈن، چارۋىلار يايلاققا نۇرمال بېرىشى ئۈچۈن يامغۇرنى تاغ، تۆپىلىك، جىلغا، ئېكىنزارلىقلارغا ياغدۇرغىن! مەدىنىگە ئەمەس ئۇنىڭ ئەتراپىغا ياغدۇرغىن» دەپ دۇئا قىلدى. يامغۇر توختاپ، ئۇلار مەسچىتتىن چىققاندا يامغۇرسىز يۈردى

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee